شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۇنيا تارىخىدا شانلىق سەھىپىلەرنى ياراتقانلىقى، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قىممەتلىك،جۇلالىق جاۋاھىراتلارنى قوشقانلىقى ھەممىگە ئايان. بىراق، ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك مەدەنىيەت ئوچىقىنىڭ چىن كوممۇنىستلىرى زۇلمى ئاستىدىكى بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالى بولسا دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تېخىچە سىر! باسمىچى چىن دۆلىتى بۇ قەدىمىي مەدەنىيەت بۆشۈكىنىڭ مول يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى تەبىئىي بايلىقى بىلەن دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى! شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا، شۇ مول بايلىقى بەدىلىگە خورلۇق، ھاقارەت، جەۋرى-جاپا، ئېغىر زۇلۇم ۋە دەھشەتلىك باستۇرۇشلار بىلەن تارتۇقلاندى. باسمىچى چىن خىتايلىرى ئەشۇ مول بايلىقنىڭ ئىگىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقۇتۇش مەقسىتىدە، «شىنجاڭنى ئېچىش،گۈللەندۈرۈش» نىقابى بىلەن، ئىچكىرى قىزىل چىندىن كۆپلەپ خىتاي يۆتكەپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرى «تۇغۇت چەكلەش قانۇنى» (ئەمەلىيەتتە ۋەھشىلەرچە ئادەم ئۆلتۈرۈش قانۇنى) چىقىرىش ۋە بېسىم ئىشلىتىشتەك تۈلۈك ھىلە-مىكىر، سۇيىقەستلەرنى قوللۇنۇپ،شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرماقتا. سودا-تىجارەتچىلىرىمىزنى ئېغىر باج قويۇش، ئىچكىرى قىزىل چىندىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا «ئىئانە» توپلۇتۇش ھەتتا سودا بازارلىرىغا ئوت قويۇش ۋاستىلىرى بىلەن زىيانغا ئۇچراتماقتا. دېھقان-چارۋىچىلىرىمىزغا ئۈستىلەپ ئالۋاڭ-ياساق قويۇپ، سەرەتان ئىسسىق ۋە زىمىستان سوغۇقلاردا ھاشارغا سېلىش چارىلىرى بىلەن ئەزمەكتە! بىگۇناھ ياشلىرىمىزنى بولسا، چۈشىگىمۇ كىرمىگەن «جىنايەت» لەرنى ئارتىپ تۈرمىگە قاماش، ئەمگەك لاگېرلىرىدا ئېغىر ئەمگەك بىلەن جازالاش ۋە ھەتتا ياۋۇزلارچە ئۆلتۈرۈشتەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن باستۇرماقتا!!!

يۇقارقى سۆزلىرىمىزنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن كىچىككىنە بىر قانچە مىسال:

١. چىن خىتايلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشقا ئۇرۇنماقتا!

1992- يىلى 4- ئاينىڭ 7- كۈنى «شىنجاڭ» (شەرقىي تۈركىستان) نىڭ ھازىرقى قورچاق رەئىسى، ۋىجدانىنى ساتقان، نومۇسسىز مىللىي مۇناپىق تۆمۈر داۋامەت ئىمزا قويغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت چارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانى» نىڭ «44- ماددا» سىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەر- خوتۇن پىلاندىن سىرت بىر بالا تۇغقانلاردىن تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە پىلانسىز پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققى ئېلىنىدۇ: (1) دۆلەتنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن 3مىڭ يۈەندىن 10مىڭ يۈەنگىچە؛ (2) شەھەر ئاھالىلىرىدىن مىڭ يۈەندىن 20مىڭ يۈەنگىچە؛ (3) دېھقان-چارۋىچىلاردىن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) لەردىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرۇچە كىرىمىنىڭ بىر ھەسسىدىن-سەككىز ھەسسىگىچە؛(4)ۋاقىتلىق

تۇرۇشلۇق كىشىلەردىن 5مىڭ يۈەندىن 20 مىڭ يۈەنگىچە».

يۇقارقىدەك «قانۇن - پەرمان» لارنىڭ بېسىمى بىلەن، شەرقى تۈركىستاندا خەلقنىڭ تۇغۇش ۋە تۇغۇلۇش نىسبىتى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلىمەكتە؛ مەسىلەن: شەرقى تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە 1991 - يىلىغا قارىغاندا 1992 - يىلى 11مىڭ 739 نەپەر بالا كەم تۇغۇلغان ( 1991 - يىلى تۇغۇلغان بالا 13مىڭ 439 نەپەر، 1992 - يىلى تۇغۇلغان بالا 1مىڭ 700 نەپەر).

1992 - يىلى بۇ ۋىلايەتتىن مەجبۇرى تۇغماس ئوپېراتسىيىسى ( ئەرلەر - نىڭ ئۇرۇقدانى، ئۇرۇق ئۆتكۈزۈش نەيچىسى؛ ئاياللارنىڭ تۇخۇمدانى، بالىياتقۇ قاتارلىق كۆپىيىش ئەزالىرى كېسىپ ئېلىپ تاشلىنىدۇ) قىلد - ۇرۇلغان ئەر - ئايال 27 مىڭ 900 نەپەر ئادەم! موشۇ يىلى بۇ ۋىلايەتتىن ئانا قورسىقىنى يېرىپ ئېلىۋېتىلگەن 4ئايلىقتىن 3ئاي - لىققىچە بولغان، تېخى بۇ يورۇق دۇنيانى كۆرۈش نېسىپ بولمىغان بىگۇناھ مەسۇم جانلار 7 مىڭ 100 نەپەر!!!

گۇما ناھىيە نىشاندا يېزا 6 - كەنتتىكى دۆلەتخان دېگەن ئايالنىڭ 3 بالىسى بولۇپ، 1993 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بىر ئوغۇل تۇققان، بۇ پىلاندىن سىرت تۇغۇلۇپ قالغان بالا ئۈچۈن، ئائىلىسىدىكى بارلىق بىساتىنى سېتىپ، جازالاش ھەققىنى تۆلىدى، بوشانغىلى تېخى 6 كۈن بولغان بۇ ئايالنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، بالىياتقۇسىنى ئېلىۋەتتى، بۇ ئايال بالىياتقۇسى ئېلىۋېتىلىپ 3 كۈندىن كېيىن ئۆلدى!

1993 - يىلى 1 - ئايدا، گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزىسىدا 3ئايلىق - تىن يۇقۇرى قورساق كۆتەرگەن ( قورسىقىدىكى ھامىلە 3ئايلىقتىن يۇقۇرى بولغان ) ئايال 67 نەپەر بولۇپ، تۇغۇپ بولغان 5ئايالدىن «ئارتۇق» تۇغۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن 17 مىڭ يۈەن جازالاش ھەققى تۆلەتتى، قالغان 62 نەپەر ئايالنى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى ئوپېراتسىيە خانىغا سۆرەپ ئەكىرىپ، دات - پەرياتلىرىغا قارىماي قور - ساقلىرىنى يېرىپ، ھامىلىلەرنى ( ئۇلارنىڭ جىگەرپارىلىرىنى ) ئېلىۋەتتى!!!

1993 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 -، 19 -، 20 -، 21 -، 22 - ۋە 23 - كۈنلىرى، گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا بازىرى ئاسمىنىنى كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان دات - پەريات، ئېچىنىشلىق ئىڭراش ۋە يىغا - زار ئاۋازلىرى قاپلىدى، چۈنكى بۇ يەردە پەرزەنت يۈزى كۆرۈش ئارزۇسىدا قەلبى چوغ بولۇپ يېنىۋاتقان ياش قىزلار، قىز كۆرۈپ ئوغۇل كۆرۈش تەشنالىقىدا پۇچىلىنىۋاتقان ئىستاق ئەر - خوتۇنلار، پەقەت بىر، پەرزەنت تەلەپ قىلىپ كېچە - كۈندۈز خۇداغا ئىلتىجا قىلىۋاتقان جۈۋانلاردىن بولۇپ 623 نەپەر شەرقى تۈركىستانلىق بىچارە مەزلۇملار، ئۆمۈۋايەت پەرزەنت كۆرۈش بەختىدىن مەھرۇم بولماقتا ئىدى!!!

ئاھ! ئايانىڭ گۈلى قىزلار! ئاھ! ئايالىقنىڭ مەقبىسى ئانىلار!!!

ئاھ! ئاياللىرىغا ئىگە بولالمايۋاتقان ئەركىسىز ئاتىلار!!!

بۇيىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، گۇما ناھىيە مەركىزىدىكى چوڭ جامەنىڭ تېمىغا مۇنداق بىر تەشۋىق ۋەرىقى چاپلاندى:

«تۇغۇت چەكلەش جىنايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن!

خىتايلار شەرقى تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن!»

ئەسلىدە بۇ تەشۋىق ۋەرىقىنى، شەھەرلىك 1- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تۇمەر ئوسمان، غۇجەممەت تۇرمەممەت، ئەخمەتجان، يۇسۇپجان، ئابابەكرى ئابلىكىم، ئابدۇل ھەپىز ئابلىكىم، مەمتىمىن ئابدۇقادىر (چوڭى 12 ياش، كىچىكى 8 ياش) ئىسىملىك ئوقۇغۇچىلار يازغان ئىكەن.

ساقچىلار بۇ بالىلارنى تۈرمىگە قاماپ، «نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟ كىم شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى؟» دەپ سورىغاندا، ئابابەكرى: «ھېچكىم بۇيرىمىدى، بىز ئائىلىدىكىلەر ئانامنىڭ قىز تۇغۇشنى ئارزۇ قىلاتتۇق، ئەگەر ئانام بۇ قېتىم قىز تۇغسا، ئىسمىنى «ئارزۇ» قويماقچى بولغان، بىراق، ئانام تۇغۇش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا كىرگەندە، ئۇكامنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن شۇنداق قىلدىم!» دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ بالىلار مۇھازىر تۈرمىدە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا! بۇ ئەركىنلىك پەرىشتىسىنىڭ ئوغۇزسۈتى پۇراپ تۇرغان ئاغزىدىن چىققان مەققانى جاۋاپ، ئەجەبا بىلەرسىڭكە تەمەننىڭ چىپچىۋاتقان ھېسسىياتسىز مەخلۇقلارنىڭ قەلبىنى (ئەگەر ئۇلاردا قەلب بار دېيىلسە) لەرزىگە سالدى ۋە ئۇلارنىڭ خۇتىنسىز كۆزلىرىدە ياش دانچىلىرى پەيدا قىلدى.

بىز يۇقۇرىدىكى ساتلىق مەلۇماتلاردا پەقەت، چىن كوممۇنىستلىرى-نىڭ ئىستاتىسكا قىلغانلىرىنى بىلەلىدۇق، ئىستاتىسكىغا كىرگۈزۈلمىگەن «پىلانسىز تۇغۇت» پاجىئەلىرى بۇنىڭ سىرتىدا!

2. چىن باسمىچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى سودا - تىجارەتچىل-ەرنى بۇلاپ تالىماقتا:

فىك شۇ ئىسىملىك چىتلىق بىر مۇخبىرنىڭ چىن تىلىدا چىقىدىغان «جۇڭگو غەربىي دىيارى ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1988- يىللىق 9- سانىغا يېزىشىچە، قەشقەر مىللىي سودا بازىرىنىڭ بىر چېتىگە دۇكان ئاچىدىغان غوپۇرھاجىم پاكىستاندىن بىر تۈركۈم موتچا قىلىق ياغلىق ئېلىپ كەلگەن، پاكىستاننىڭ تۆزىدىلا ھەربىر ياغلىقتى 4-5 يۈەندىن ئالغان، بىراق، تاموژنا قايسى بەلگىلىمىگە ئاساسلاندىكىن، ھەربىر ياغلىق ئۈچۈن 6 يۈەندىن باج ئالغان، شۇ بىر قېتىمدىلا غوپۇرھاجىدىن 250 مىڭ يۈەن باج ئالغان.

1992- يىلى 6- ئاينىڭ 12- كۈنى جۈمە (قوربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى) قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ سودا بازىرىدىكى بارلىق تىجارەتچىلەر جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كىرىپ دەل نامازغا تۇرغاندا، سودا بازىرىغا ئوت كەتتى، دەستوت ئىچىدە 7 تەپەر كىچىك بالا، 40 تەپەر ئايال ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى ۋە 20 مىليون يۈەنلىك تۈرلۈك ماللار كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى، بۇ ۋەقە بولۇشتىن 5- 6 كۈن بۇرۇن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، قارا يۈزمۇتا پىق مامۇتجان بۇ سودا بازىرىغا كىرىپ «بۇ سودا بازىرىدا نەچچە پۇللۇق مال باردۇ؟» دەپ سورىغان ھەم سەت ھىجىيىپ «قاغىلىقلار خېلى باي بولۇپ قاپسىلەر، لېكىن بۇ تىنچلىق بىلەن كۆرەلمەپ كەتمەڭلار» دەپ كۆز-لىرىنى قىزارتىپ چىقىپ كەتكەن. بازارغا ئوت كەتكەن ۋاقىتتا، تورباسۈيى توختاپ قالدى، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى باشقا ناھىيىگە

ئىشۇ ئىشۇ يېتىلدى، دېمەك، ئۇنى ئۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس!
بۇنىڭدىكى سەۋەپ شۇكى، قاغىلىق خەلقى باشقا ناھىيىلەرگە قارىغا-
ندا بىر قەدەر مىللىي ۋە دىنىي ھېسسىياتى كۈچلۈك خەلق بولۇپ، بۇ
ناھىيىدە بىر قانچە قېتىم سىياسىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن،
خەلقتىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقان چىن خىتايلىرى خەلقنى ئىختىسا-
دىي جەھەتتە سىقىش مەقسىتىدە بۇ رەزىل سۈيىقەستىنى پىلانلاپ،
مۇسۇلمانلار نامازغا كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، يۇقۇرى بېسىملىق
توك قويۇپ بېرىپ، سودا بازىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى!
چىن خىتايلىرى ئوت قويۇش بۇلاش - تالاشلار بىلەن، شەرقى تۈركىستان
خەلقىنى ماددى زىيانغا ئۇچراتتى. بىراق، بۇ خەلقنىڭ قەلبىدىكى
ئۆز دۈشمىنىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى، نەپرىتىنى، ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىك
كە بولغان تەشنالىقىنى ھەرگىزمۇ يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ!

3. نەپسى بالا چىن خىتايلىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ مول تەبىئىي
بايلىقلىرىنى بۇلاش - تالاش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، زېمىنى
مۇقەددەس بۇ مەملىكەتنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتلىرى، مايلىق دانلىرى ۋە
تۈرلۈك مېۋە-چېۋىلىرىنىمۇ بۇلاپ - تالىماقتا. شەرقى تۈركىستان
دېھقانلىرىنى سەرەتان ئىسسىق ۋە زىمىستان سوغۇقلاردا «ھاشار» غا
سېلىپ ئەزمەكتە!

شەرقى تۈركىستان دېھقانلىرىنىڭ بىر يىل باش كۆتۈرمەي توپا-
لايغا مىلىنىپ ئىشلەپ تاپقان - تەرگىنى «يەر بېجى، سۇ بېجى،
دېھقانچىلىق بېجى، ئورمانچىلىق بېجى، چارۋا بېجى، ئولتۇراق ئۆي
بېجى، نوپۇس بېجى» قاتارلىق ئاتالمىش «باج - سېلىقلار» غا كېتىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، ئازغىنە قىسىم مېھنەتكەش دېھقانلارنىڭ يېمەك-ئىچ-
مىكى كېلەر يىلىغا ئۇلاشمىدۇ. قالغانلىرى چارىسىز باشقىلاردىن قەرز
ئېلىشقا ۋە چىن خىتايلىرىنىڭ «ئالىجاناپلىق بىلەن قۇتقۇزۇش پۇلىغا»
مەجبۇر بولىدۇ! شەرقى تۈركىستان خەلقى باي تۇرۇپ گاداي، خوجايىن
تۇرۇپ مالاي!

شەرقى تۈركىستان خەلقىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقان رەزىل چىن
خىتايلىرى، خەلقىمىزگە تاشقى دۇنيانى ئويلاش پۇرسىتى قالدۇرماسلىق
ئۈچۈن، ھەر تەبىقە كىشىلىرىنى ھەرخىل تەدبىرلەر بىلەن مەنئى قىلىپ
بىخوتلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ!

«جەنۇبى شىنجاڭ» دەپ ئاتالغان شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇبى
تېررىتورىيىسىدە 1990-يىلدىن باشلاپ كەڭ كۆلەمدە «ھاشار» دولقۇنى
كۆتۈرۈلدى. ئەچچە يۈز ئادەم شۇ «ھاشار» دولقۇنلىرىدا ھاياتىدىن
ئايرىلدى ۋە ئايرىلماقتا!

قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان يېڭىسار ناھىيىسى قەدىمى
شەھەر، خەلق ئوغلانى، مىللى مۇجاھىت، پېشقەدەم ئىستىقلالچى ئەيسا
يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي. بۇ ناھىيىنىڭ
ھازىرقى ھاكىمى زىنىك پەمىلىلىك خىتاي ئىنتايىن مىللەتچى، قانخور
بىر ئەبلەخ بولۇپ، ئۇ، بۇ ناھىيە خەلقىنى كېچە-كۈندۈز ھاشارغا سېلىش
بىلەن ئەزمەكتە! 1991-يىلى 12-ئايدا، زىنىك دىگەن ئەبلەخ بۇ

ناھىيىدە ئومۇمى يۈزلۈك «ھاشار» قوزغاپ، سۇئېلېكتىر ئىستان-سىسى قۇرۇش باشلانغان، خەلققە ئىنتايىن ئېغىر كۈلپەتلەرنى كەلتۈردى. ئابدۇللا ئاخۇن، ئابدۇكېرىم ئاخۇن قاتارلىق دېھقانلار شۇ ھاشاردا سوغۇقتىن توڭلاپ ئۆلدى. نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ پۇت-قول ۋە يۈز-قۇلاقلىرى قاتتىق سوغۇقتىن ئۈششۈپ ناكا بولدى!

1992- يىلى سەراتان ئىسسىقتا، گۇما ناھىيىسىنىڭ موكۇيلا يېزىسىدا چوڭ «ھاشار» دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، بۇقېتىمقى «ھاشار»دا، ئابلىمىتخان، تۇرمەتخان، قادىرخان ئىسىملىك 3 نەپەر دېھقان سەراتان ئىسسىقتا ئۆلۈپ كەتتى! شۇ يىلى بۇ يېزىدىن 200 ئائىلە-لىك دېھقان ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ باشقا جايلارغا قېچىپ كەتتى! يەنە مۇشۇ يىلى 3- ئايدا، بۇ ناھىيىنىڭ كۆكتېرەك يېزا دولان مەھەللىسىدىن ئابدۇللا قادىر، ئابلىكىم مۇھەممەت قاتارلىق بەش نەپەر دېھقان ھاشاردا ئۆلدى! بۇقېتىمقى ھاشاردىن رۇخسەتسىز قايتىپ كەلگەن كىشىلەرگە گۇما ناھىيىسىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسىدا چوڭ يىغىن ئېچىپ، بىر-بىرلەپ جازا بەردى، بۇقېتىمقى «جىنايەت-چىلەرنى» جازالاش يىغىنىدا، بۇ يېزىنىڭ 15- ۋە 16- كەنتلىرى-دىن مەمتىمىن مەخسۇم، ئابدۇرېشىت مەمەت، ھېكىم نىياز، ئابلى-مىت مەخمۇت، ئابلىكىم خان، ھېبىبۇللاخان، پەيزۇللائىپلى، ئىبراھىم مەمتىلى، ئەخەتجان، مەخمۇت ھوشۇر، ئابلىمىت سەمى قاتارلىق دېھقانلار بىر يىللىقتىن ئۈچ يىللىققىچە تۈرمىگە قامالدى، مەمەت ئاۋۇت، مەمەت سېيىت قاتارلىق 30 دېھقان 6 ئايلىق رېجىمغا تاپشۇرۇلدى!

4. شەرقى تۈركىستاندىكى ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ۋە بىگۇنا ياشلارنىڭ باستۇرۇلۇشى :

شەرقى تۈركىستاندىكى تۈرلۈك ئىرقىغا مەنسۇپ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تاتار خەلقلىرى، مىلادىيە 920- يىلدىن ئېتىۋارەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. ئۇلار بۇ مۇقەددەس دىنىنى قوغداش، ھىمايە قىلىش يولىدا ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتتى ۋە چوڭ-چوڭ قۇربانلارنى بەردى. ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئۇلارنىڭ كۆز قارىچۇغى! چىن باسمىچىلىرى شەرقى تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلى-ۋالغان 1949- يىلدىن بېرى، مۇسۇلمانلار كۆز قارىچۇغىدەك ئاسراپ كېلىۋاتقان بۇ مۇقەددەس دىن زور بېسىملارغا ئۇچرىدى، ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرى تۈگىمەس ئازاپ-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولدى، ناماز ئوقۇغانلىقى، رامىزان تۇتقانلىقى ئۈچۈن تۈرمىلەرگە قامالدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى! ناھايەت، 1980- يىلغا كەلگەندە، چىن كوممۇنىستلىرى خەلقئارا بېسىملارنىڭ تۈرتكىسىدە، شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ئاز-تولا دىنى ئەركىنلىك بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇزۇن يىللار يامغۇرسىز قالغان قاغجىرما زېمىن سۇغا تەشنا بولغاندەك، 50 يىل دىنى پائالىيەتلەردىن مەھرۇم قالغان مۇسۇلمانلار، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مەسجىت سېلىش، دىنى ئىلىم ئۈگىنىش ئىشلىرىغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى.

ئەپسۇسكى، بۇ پۇرسەت ئۇزۇن داۋاملاشمىدى! نومۇسسىز چىن كوممۇنىس-
-تلىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ بۆلۈك-پۈشقا قىلىنىدىكى دىنىي
ئىلىم ئۆگىنىش سورۇنلىرىنى كۆرۈپ، ئالاق-جالاق بولۇپ كېتىشتى
ۋە بۇ سورۇنلارنى تاقاشقا «بۇيرۇق، پەرمان» لارنى چىقىرىپ، دىنىي
ئالىملارنى جازالىدى!

1990-يىلى 5-ئايدا، شايار ناھىيىسىدىن ئەبەيدۇللا موللامتى
دىنىي مەكتەپ ئاچقان دېگەن جىنايەت بىلەن، 7 يىللىق تۈرمىگە قامىدى،
70 ياشتىن ئاشقان بۇ پېشقەدەم ئالىم ھازىر تۈرمىدە!

1990-يىلى 6-ئايدا، توخسۇ ناھىيىسىدىن ياسىن ئاشپەزنى
مەسجىت سالغان «جىنايەت»ى ئۈچۈن 8 يىللىق قامىدى.

1993-يىلى 2-ئايدا، كۇچا ناھىيىسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان
ئاقسۇلۇق بىر ياشنىڭ ناماز ئۆتەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغان چىتلىق
گورۇپپا باشلىقى خىتاي بۇ ياشنى قاتتىق ئۇرغان، بۇنداق ئۇرۇش بىر
قانچە قېتىم بولغانلىقتىن، بۇ خورلۇققا چىدىمىغان بۇ ياش، گورۇپپا
باشلىقى خىتاينى ئازا ئۇرۇپ ئۆچىنى ئېلىپ، ئايغۇم يېزىسىغا قېچىپ
كەتكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چىن خىتايلىرى، بۇ ياشنى پەقەت ناماز
ئوقۇغان «جىنايەت»ى ئۈچۈن، ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى!

مانا قاراڭ، بۇلار شەرقى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتكۈزگەن
«جىنايەت» لىرى ئۈچۈن بېرىلگەن جازالار!!!

دىنىي پائالىيەت ۋە دىنىي بىلىم ئېلىشتىن مەھرۇم بولغان شەرقى
تۈركىستان ياشلىرى، 1990-يىلى چىن ھۆكۈمىتىگە تەلەپ ۋە ئىلتىماس
سۇندى. ئۇلار يازغان ئىلتىماسلىرىدا، («ئاساسىي قانۇن»دا، «دىنغا
ئىشىنىشمۇ ئەركىنلىك، ئىشەنمەسلىكمۇ ئەركىنلىك، دىنغا ئىشەنگۈچىلەرنى
ئىشەنمىگۈچىلەر كەمسىتمەسلىك، ئىشەنمىگۈچىلەرنى ئىشەنگۈچىلەر
كەمسىتمەسلىك» دەپ بەلگىلەنگەن، بىزنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىمىزنى
توسۇش «قانۇنغا» خىلاپ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ نورمال دىنىي پائالى-
-يەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزغا رۇخسەت قىلىنسا ئىكەن ») دېگەن
تەلەپنى قويغان، بىراق، يۈزسىز چىن كوممۇنىستلىرى شەرقى تۈركىس-
-تان ياشلىرىنى ئاشۇ «ئىلتىماس» نى سۇنغانلىقى ئۈچۈن جازالىدى
ۋە تۇتقۇن قىلدى! 1990-يىلى 5-ئايدا، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان-
-لىقى ۋە چىن ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنغانلىقى ئۈچۈنلا، خوتەننىڭ
قاراقاش ناھىيىسىدىن، ئەخمەت ئەيسا، ئابدۇقادىر ھاجىم، ئابابەكرى،
ئىمام قارى، قارى مەخسۇم، ئاتاۋۇللا...، كۇچا ناھىيىسىدىن، ئابلىكىم
ھوشۇر، ئابلىمىت مەمەت ...، قاغىلىقتىن، ئالىمجان قارى ھاجىم،
ئۆمەرجان مەخسۇم، ئابدۇراخمانجان ھاجىم، ئېلى ئىمىن، ئابدۇقادىر
ئەيۈپ...، (بۇلار 50 ياشتىن ئاشقان ياشانغان كىشىلەر)، يېڭىساردىن
ئىسمايىل ھاجى، ئابدۇسەمەت ...، قەشقەردىن، ھەسەن مەخسۇم؛ ئابدۇ
قادىر ياپچان، مەمتىمىن ...، كۇچادىن، ئېزىز قۇربان، غالىپجان، بەكرى،
ياسىن ئابلا، ئەخمەت ئېلى، مەسجىت ئەيتىدىن، مۇھەممەت تەمەت،
ئابدۇراخمان شائىر، ئابدۇرىشىت، سەمەت قارى، ئابدۇرەھىمجان...،
شاياردىن، مەسجىت، ئابدۇراخمان باقى...، كورلىدىن، ئابدۇكېرىمجان،
ئىستايىتۇللا...، تۇرپان-پىچاندىن، نىزامىدىن...، غولجىدىن،

نۇرمۇھەممەت . . . قاتارلىق 123 نەپەر ياشنى 3 يىللىقتىن 11 يىللىق-
-قىچە تۈرمىگە قامىدى، بۇلار ھازىر قاراڭغۇ كامېرۋە ئەمگەك بىلەن
ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىدا جازالانماقتا!!! بۇگۈنتا سىز ياشلارنىڭ
ئېچىنىشلىق پاجىئەلىرىنى كۆرگەن شەرقى تۈركىستان خەلقى، شەرقى
تۈركىستاندىكى ياشلارنىڭ دىنى داھىسى، ئوت يۈرەك قەيسەر مۇجاھىت
كېرەم ئابدۇۋېلىنى (كۇچاردىن، 53 ياش) يوشۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما
1990- يىلى 11- ئايدا ئۇ، كېرەم، ئوسمان قارى، ئەركىن قاتارلىق
ئىلغار ياشلار بىلەن بىرگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يېرىدىن تۇتۇپ كەتتى!
بۇشىر يۈرەك مۇجاھىت ھازىر ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە قاتتىق جازاۋە تاچار
تۇرمۇش دەستىدىن پالەچ بولۇپ قالدى! بىر قانچە قېتىملىق تۇتقۇندىن
ساقلىنىپ قالغان خەلقىمىزنىڭ ئۈمىت يۇلتۇزلىرى، ئەمىلى پائالىيەت-
-چى ياشلىرىمىزدىن ئابلىمىت تالىپ، (كۇچاردىن، 32 ياش)، ئىسلاھماجان
مىجىت (توقسۇدىن، 23 ياش)، ئوبۇلقاسىم يۇسۇپ (كۇچاردىن، 53 ياش)،
ئابدۇللاغازى (قاغىلىقتىن، 25 ياش)، مۇتەللىپ (قومۇلدىن، 23 ياش)،
مۇھەممەت ئالىم (شاياردىن، 24 ياش)، ئابلىكىم ھەسامىدىن (قاغىلىق-
-تىن، 30 ياش)، دىنى ئالىم مەمتىمىن ئابدۇۋېلى (كۇچاردىن، 25 ياش)
قاتارلىق ياشلارنى 1992- يىلى 7- ئايدا تۇتۇپ كەتتى، بۇلارمۇ ھازىر
ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە قاتتىق جازالانماقتا!!!
يۇقارقىدەك فاشىستىك باستۇرۇش ۋە تۇتقۇنلاردىن ئۆزۈۋەتىنىدە تۇرۇش
ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقىنى سەزگەن پاراسەتلىك ياش، دىنى رەھبەر
ئىدرىس ئۆمەر (قاغىلىقتىن، 37 ياش) چەتئەلگە چىقىپ پائالىنىش
مەقسىتىدە، 1992- يىلى 3- ئايدا، مەمتىمىن سىيىت (كۇچاردىن، 23
ياش)، تاھىرجان (كۇچاردىن، 23 ياش)، مۇھەممەت يۇنۇس (كۇچاردىن،
25 ياش)، خېلىل ئالتۇن (كۇچاردىن، 37 ياش)، ئابلىمىت (قاغىلىقتىن،
21 ياش)، مۇتەللىپجان (قاغىلىقتىن، 27 ياش)، ئوبۇل (قاراقاشتىن،
23 ياش) قاتارلىق ئۆزۈۋەتىندە تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان
ياشلارنى باشلاپ، قەدىمى لاداخ يولى ئارقىلىق ئافغانىستانغا قاراپ
يولغا چىقتى، بىراق، ئىستلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى
بىلىپ قالغان چىن كوممۇنىستلىرى، 3- ئاينىڭ 16- كۈنى ئۈرۈمچىدىن
«قاراقۇرغۇي» تاملىق مەخسۇس كۈرەشچى ئايروپىلان بىلەن ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، شەرقى تۈركىستان بىلەن ئافغانىستان
چېگرىسىدا (قاغىلىق تاھىيىسىنىڭ مازاررا يوقىدا) ئېغىرتىپتىكى
ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن دەھشەتلىك توپقا تۇتتى! مۇتەللىپجان،
مۇھەممەت يۇنۇس، تاھىرجان قاتارلىق ياشلار نەق مەيداندا شېھىت
بولدى! ئىدرىس ئۆمەرنىڭ 4 يېرىگە ئوق تېگىپ، قاتتىق يارىلاندى!
قالغان ياشلارمۇ قاتتىق يارىلىنىپ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە ئېلىپ كېلىندى،
بۇ ئىستىقلالچى ياشلار ھازىر ھەرخىل جازا قوراللىرى بىلەن دەھشەتلىك
جازالانماقتا!! بۇ ۋەھشىيانە باستۇرۇشلار دەستىدىن جىگەرپارىلىرىدىن
ئايرىلىپ قالغان ئاتا- ئانىلار، ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان

مۇڭلۇق قوشاقلىرى بىلەن بوزلاشماقتا ئابرىياش ئاتىسى بىلەن كۆرۈ-
-شكەن ۋاقىتتىكى ئاتىسىنىڭ مۇڭ-زارىنى ئەسلەپ مۇنداق
شېئىر يازغان :

ھەججاجى زالىم زۇلمىدىن سەرساندۇ-خار بولغان بالام،
«ئاھ! ئادالەت قايدا سەن؟» دەپ ھۆرلۈككە زار بولغان بالام!
تار باغرىمغا پاتقان بېشىڭ كەڭرى جاھانغا پاتمىدى،
ئاھ! ئون گۈلستىك ھېچبىرى ئاچىلمايىن سولغان بالام!

راس ئەمەسمۇ؟ بالا ئەمەسمۇ؟ جان ئەمەسمۇ؟! ئون ئاي قورساق كۆتۈرۈپ مىڭ جاپادا چوڭ قىلىپ-يەنە دەرت-ھەسرەتكە قالسا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟

يۇقۇرىدىكى ئىلغار ياشلارغا ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست بولۇپ قالغان «جىنايەت» ئۈچۈن، قاغىلىقتىن: تۇرمۇھەممەت جان، قۇددۇس ھاجىم، ئاتاۋۇللا ھاجىم، ئابلا ئابدۇراخمان، ئەركىنجان، مەجىت تۇرۇپ، مېھرىنگۈل، ئايزىمخان......؛ كۇچاردىن: ئەركىن، ئەخمەتجان، ئابدۇۋېلى گېپلى، ھۆرنىساخان، تۇرنىساخان، تۇدىخان... قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق ئادەم، كۇچا، قاغىلىق، ئۈرۈمچى تۈرمىلىرىدە ياتماقتا!

ئاھ! ئەركىنسىز ئىنسانلار، ئاھ! بەختىسىز شەرقى تۈركىستان!
كۆز يېشىڭ قاچان تۈگەر؟ گۈزەل گۈلىستان!

خەلق ئاراغا مۇراجەت :

خەلقئارادىكى (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، تۈركىيە، ئامېرىكا، قىرغىزىستان، قازاقىستان، ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى) ئىنسان ھەق-ھوقۇقلىرى تەشكىلاتى ۋە كامىسسىيەلىرىگە: ئېزىلىۋاتقان خار مىللەت 21-ئەسىردىكى خار مىللەت شەرقى تۈركىستان خەلقى شۇنداق مۇراجەت قىلىدۇكى، ئەي ئىنسانپەرۋەر ئاقكۆڭۈل كىشىلەر، ئەي ئەركىن دۇنيا ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ئەزىمەتلەر، ئەي تۈرۈك دۇنياسى! ئەي ئالىجاناپ ئىنسانلار! چىن كومۇنىستلىرى زۇلمى ئاستىدا دەپسەندە بولۇۋاتقان ئەشۇ ئەركىنلىك كۈرەشچىلىرىنى ياۋۇز چىن كومۇنىستلىرىغا بېسىم ئىشلىتىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىڭلار!!! ئەشۇ پىداكار ئەزىمەتلەرنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار!!! ئېزىلىۋاتقان مىللەتنىڭ داد-پەريادلىرىغا ئىنسانى قولۇڭلارنى سېلىپ قويۇڭلار!

رەخمەت سىلەرگە ئاقكۆڭۈل، ئەركىن دۇنيا كىشىلىرى!!!

«شەرقى تۈركىستاندىكى ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى
ئەزىمەتلەردىن!»